### دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ ئەمەلدارى:

# شى جىنپىڭ ئەنبېي جىنسەن بىلەن كۆرۈشتى، ئىككى تەرەپ ئون نۇقتىلىق ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، دابەن، 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار خو شياۋگۇاڭ، ليۇ خۇا، خۇاڭيىن جيازى)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ شۇ جاي ۋاقتى 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى دابەندە ياپونىيە باش ۋەزىرى ئەنبېي جىنسەن بىلەن كۆرۈشتى. كۆرۈشۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى ئاسىيا مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى ۋۇ جياڭخاۋ مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى مۇخبىرلارغا تونۇشتۇرغاندا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: نۆۋەتتە، جۇڭگو - ياپونىيە مۇناسىۋىتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ياخشى، لېكىن ئىككى تەرەپ ئارىسىدا يەنىلا ئىختىلاپ مەۋجۇت. ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى بىردەك: ئىككى تەرەپ دىققەتنى ئورتاق تونۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىختىلاپلارنى باشقۇرۇپ - تىزگىنلەپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا ئورتاق تۈرتكە بولۇشى كېرەك، دەپ قارىدى.

ۋۇ جياڭخاۋ ئىككى تەرەپ رەھبەرلىرى ھاسىل قىلغان ئون نۇقتىلىق ئورتاق تونۇشنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى.

بىرىنچى، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى نۆۋەتتىكى جۇڭگو - ياپونىيە مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىش تەرەققىياتىدىكى ياخشى ۋەزىيەتكە ئاكتىپ باھا بەردى. بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلمىگەن زور ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ئىككى تەرەپ مۇنداق قارىدى: جۇڭگو بىلەن ياپونىيەنىڭ ھەر ئىككىلىسى تەرەققىياتنىڭ يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى، ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى ۋە ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلىرى كۆپەيدى، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى يېڭى تەرەققىيات پۇرسىتىگە دۇچ كەلدى. ئىككى تەرەپ ئورتاق كۈچ چىقىرىپ يېڭى دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماس كېلىدىغان جۇڭگو - ياپونىيە مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىشى كېرەك.

ئىككىنچى، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن ياپونىيە تۆت سىياسىي ھۆججەتتە بېكىتىلگەن تۈرلۈك پرىنسىپقا قەتئىي ئەمەل قىلىدۇ، جۇڭگو بىلەن ياپونىيەنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىق ھەمراھى بولۇش، ئۆزئارا تەھدىت شەكىللەندۈرمەسلىك سىياسىي ئورتاق تونۇشنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىدۇ، رىقابەتنى ماسلىشىشقا ئۆزگەرتىش روھى بويىچە، جۇڭگو - ياپونىيە مۇناسىۋىتىنىڭ توغرا يولنى بويلاپ، سىجىل ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى قويۇق پىكىر ئالماشتۇرۇشنى ساقلاپ، يۇقىرى قاتلامدىن يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشىنىشنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇشقا قوشۇلدى. باش ۋەزىر ئەنبېي ياپونىيە ھۆكۈمىتىگە ۋاكالەتەن رەئىس شى جىنپىڭنى كېلەر يىلى باھاردا ياپونىيەدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولۇشقا تەكلىپ قىلدى، رەئىس شى جىنپىڭ تەكلىپنى پرىنسىپ جەھەتتىن قوبۇل قىلدى. ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى ئىككى تەرەپنىڭ دىپلوماتىيە تارماقلىرىنى كونكرېت ۋاقىت توغرىسىدا ئالاقىنى ساقلاشقا بۇيرۇدى.

تۆتىنچى، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى ئىككى دۆلەت مەنپەئىتىنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش، ئىقتىساد - سودا سېلىنمىسى، مالىيە - پۇل مۇئامىلە، داۋالاش - ساغلاملىق - كۈتۈنۈش، كۈتۈنۈش - پەرۋىش، ئېنېرگىيە تېجەش - مۇھىت ئاسراش، ساياھەت - سەيلە قىلىش قاتارلىق كەڭ ساھەلەردە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىشكە قوشۇلدى. ياپونىيە تەرەپ «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىنى كۆپ خىللاشقان رايونلارنى تۇتاشتۇرۇشتا مول يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە تەسەۋۋۇر، دەپ قارىدى. جۇڭگو تەرەپ ياپونىيە تەرەپنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى يۇقىرى سۈپەتتە ئورتاق قۇرۇشقا پائال قاتنىشىشىنى قارشى ئالدى. ئىككى تەرەپ داۋاملىق ئۈچىنچى تەرەپ بازىرى ھەمكارلىقىدا پۇختا نەتىجىگە ئېرىشىشكە كۈچەپ تۈرتكە بولىدۇ. ئىككى تەرەپ ئىككى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئۆزئارا سېلىنمىنى كېڭەيتىشىنى قوللاپ، قارشى تەرەپ كارخانىلىرىغا ئادىل، كەمسىتىش بولمىغان، مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان تىجارەت - سودا مۇھىتى يارىتىپ بېرىشنى بېكىتتى.

بەشىنچى، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن ياپونىيەنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئاسىيا مەدەنىيلىكى تەرەققىياتىغا مۇھىم تۆھپە قوشقۇچىلار، ئاسىيا مەدەنىيلىك نەتىجىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيلىك ئارىسىدا باراۋەر سۆزلىشىش، ئالماشتۇرۇش - ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنى قانات يايدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىشى كېرەك؛ چوڭقۇر تارىخىي مەدەنىيەت مەنبەسىنى ۋاستە قىلىپ، ئادەمىيەت ساھەسىدىكى ئالاقە، ھەمكارلىقنى سىجىل كۈچەيتىشى كېرەك. ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى بۇ يىل ئىچىدە جۇڭگو - ياپونىيەنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئادەمىيەت ئالاقىسى كېڭىشىش مېخانىزمىنى باشلاشنى قارار قىلدى.

ئالتىنچى، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى جۇڭگو - ياپونىيە ئەلئارا دوستانە ئالماشتۇرۇشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئۆزئارا چۈشىنىشنى كۈچەيتىپ، ئەل رىشتىنى تۇتاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قوشۇلدى. ئىككى تەرەپ بۇ يىلقى «جۇڭگو - ياپونىيە ياش - ئۆسمۈرلەر ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش يىلى»نى پۇرسەت بىلىپ، بىلىم ئاشۇرۇش، ساياھەت قىلىش قاتارلىق مەزمۇنى مول، شەكلى كۆپ خىل ئۆزئارا زىيارەت قىلىش، ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، دوستلۇق ئۇرۇقىنى كەڭ كۆلەمدە چېچىشى كېرەك.

يەتتىنچى، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى: جۇڭگو بىلەن ياپونىيەنىڭ تىنچ تەرەققىيات يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، بىرلىكتە تىنچ تەرەققىيات ھەمراھلىرىدىن بولۇشىنى تەكىتلىدى. ئىككى تەرەپ خەۋپسىزلىك ساھەسىدىكى ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئىجابىي ئىككى تەرەپلىك خەۋپسىزلىك مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىشقا پائال تۈرتكە بولۇپ، مۇستەھكەم ئىستراتېگىيەلىك ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئۆزئارا ئىشىنىشنى تەدرىجىي تۇرغۇزۇشى كېرەك. ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى ئىككى تەرەپنىڭ دىپلوماتىيە ۋە خەۋپسىزلىك ساھەسىدىكى سۆزلىشىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە قوشۇلدى.

سەككىزىنچى، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى سەزگۈر مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، زىددىيەت، ئىختىلاپلارنى ئىجابىي باشقۇرۇش - تىزگىنلەشكە قوشۇلدى. ئىككى تەرەپ شەرقىي دېڭىز مەسىلىسىدىكى پرىنسىپال ئورتاق تونۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە داۋاملىق تۈرتكە بولۇپ، ئورتاق تىرىشىپ شەرقىي دېڭىزنىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداپ، شەرقىي دېڭىزنى تىنچلىق، ھەمكارلىق، دوستلۇق دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

توققۇزىنچى، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى مۇنداق قارىدى: جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئوخشاشلا ئاسىيادىكى مۇھىم دۆلەت ۋە دۇنيادىكى ئاساسلىق ئىقتىسادىي گەۋدە بولۇش سۈپىتى بىلەن، كۆپ تەرەپچىللىك ۋە ئەركىن سودا تۈزۈلمىسىنى ئورتاق قوغداپ، رايونلارنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشكە پائال يېتەكچىلىك قىلىپ، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. ئىككى تەرەپ 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭگو - ياپونىيە - كورېيە ئەركىن سودا كېلىشىمى سۆھبىتى مۇساپىسىگە تېزدىن تۈرتكە بولۇپ، بۇ يىل ئىچىدە رايون ئومۇميۈزلۈك ئىقتىسادىي ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى كېلىشىمى سۆھبىتىنى تىرىشىپ تاماملاشقا قوشۇلدى.

ئونىنچى، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى مۇنداق قارىدى: جۇڭگو - ياپونىيە خەلقئارادىكى مەسئۇلىيىتىنى پائال ئادا قىلىپ، تۈرلۈك يەر شارىۋى خىرىسلارغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇپ، كۈچەپ تەرەققىيات ياردىمى، كلىمات ئۆزگىرىشى، ھەربىي ھازىرلىقلارنى تىزگىنلەش، ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش، سەھىيە - ساقلىق ساقلاش قاتارلىق خەلقئارا ئىشلاردىكى پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، قول تۇتۇشۇپ دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

# شى جىنپىڭ ياپونىيەنىڭ دابەنگە يېتىپ باردى

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇڭگونىڭ ياپونىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى كۇڭ شۈەنيۇۋمۇ ئايروپورتتا چىقىپ كۈتۈۋالدى.

بۇ قېتىمقى 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرى باشلىقلار يىغىنى 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە دابەندە ئۆتكۈزۈلىدۇ. شى جىنپىڭ باشلىقلار يىغىنىدا دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ۋە يەر شارىۋى ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدىكى قارىشى ۋە تەشەببۇسىنى چوڭقۇر شەرھلەيدۇ. يىغىنغا قاتناشقان مەزگىلدە، شى جىنپىڭ يەنە كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى ئۇچرىشىشى، جۇڭگو - رۇسىيە - ھىندىستان رەھبەرلىرى ئۇچرىشىشى، جۇڭگو - ئافرىقا رەھبەرلىرى ئۇچرىشىشىغا قاتنىشىدۇ ھەم بەزى دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئىككى تەرەپ كۆرۈشۈشى ئۆتكۈزىدۇ.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تېلېگراممىسى** 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ مەخسۇس ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ بېيجىڭدىن ئايرىلدى، ياپونىيە دۆلىتىنىڭ باش ۋەزىرى ئەنبېي جىنسەننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ياپونىيەنىڭ دابەنگە بېرىپ 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ 14 - قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىدۇ.

شى جىنپىڭغا ھەمراھ بولۇپ زىيارەتكە چىققانلاردىن: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇدىرى دىڭ شۆشياڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ليۇ خې، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركەز تاشقى ئىشلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ياڭ جيېچى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ۋاڭ يى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خې لىفېڭ قاتارلىقلار بار.

# شى جىنپىڭ ياپونىيە باش ۋەزىرى ئەنبېي جىنسەن بىلەن كۆرۈشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۈچىنچى تەرەپ بازىرى، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىق كەڭ ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى ھەمكارلىق ئېشىش نۇقتىسى بەرپا قىلىپ، رايون ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىگە پائال يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. بىز ياپونىيە كارخانىلىرىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى پائال كېڭەيتىپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىيات يېڭى پۇرسىتىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشىنى قارشى ئالىمىز. «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسى جۇڭگو بىلەن ياپونىيەنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقى ئۈچۈن كەڭ زېمىن ئېچىپ بەردى، ياپونىيە تەرەپنىڭ پائال قاتنىشىشىنى قارشى ئالىمىز. ئىككى تەرەپ ئادەمىيەت رىشتىسىنى چىڭىتىپ، ئىككى دۆلەت ياش - ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشى ۋە يېقىن ئۆتۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. مەن بۇ يىل ئىچىدە جۇڭگو - ياپونىيە يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئادەمىيەت ئالاقىسى كېڭىشىش مېخانىزمىنى باشلاشنى قۇۋۋەتلەيمەن. سۆزلىشىش، كېڭىشىش ئارقىلىق زىددىيەت، ئىختىلاپلارنى ئىجابىي باشقۇرۇپ - تىزگىنلەپ، دىپلوماتىيە ۋە خەۋپسىزلىك ساھەسىدىكى سۆزلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئىجابىي ئىككى تەرەپلىك خەۋپسىزلىك مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىش كېرەك. ياپونىيە تەرەپنىڭ بۇ گۈنگىچە بولغان ئورتاق تونۇش ۋە بەرگەن ۋەدىسىگە قەتئىي ئەمەل قىلىپ، تارىخ قاتارلىق سەزگۈر مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، شەرقىي دېڭىزنىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى ئورتاق قوغدىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. جۇڭگو بىلەن ياپونىيە خەلقئارا ۋە رايون ئىشلىرىدىكى پىكىر ئالماشتۇرۇش، ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، يەر شارىۋى خىرىسلارغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇپ، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشنىڭ تېخىمۇ ئادىل، مۇۋاپىق بولۇشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ ياپونىيە تەرەپنىڭ 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرى دابەن باشلىقلار يىغىنىنى ياخشى ئۆتكۈزۈشنى قوللايدۇ، باشلىقلار يىغىنىنىڭ كۆپ تەرەپچىللىك ۋە ئەركىن سودىنى قوغداش ئېنىق سادانى ياڭرىتىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇقىم كۆزلىمە ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ئەنبېي مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ياپونىيەگە كېلىپ 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرى دابەن باشلىقلار يىغىنىغا قاتناشقانلىقىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن، جۇڭگو تەرەپنىڭ ياپونىيە تەرەپنىڭ باشلىقلار يىغىنىنى ئۆتكۈزۈشنى قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، باشلىقلار يىغىنىنىڭ پائال نەتىجىگە ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولۇشنى خالايمەن.

ئەنبېي مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ياپونىيە - جۇڭگو مۇناسىۋىتى نورمال تەرەققىيات يولىغا قايتىپ كەلدى، مەن بۇنىڭدىن خۇشال بولدۇم. ياپونىيە تەرەپ «ياپونىيە - جۇڭگو تىنچلىق دوستلۇق شەرتنامىسى» قاتارلىق ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى مۇھىم سىياسىي ھۆججەتلەرگە ئەمەل قىلىشنى ھەم «رىقابەتنى ماسلىشىشقا ئۆزگەرتىش، ئۆزئارا ھەمكارلىق ھەمراھى دەپ قاراش، ئۆزئارا تەھدىت شەكىللەندۈرمەسلىك» ئورتاق تونۇشى بويىچە، جۇڭگو تەرەپ بىلەن داۋاملىق ئورتاق تىرىشىپ، يېڭى دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ياپونىيە - جۇڭگو مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىشنى ھەم بۇ مۇناسىۋەتنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم تەرەققىي قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى خالايدۇ. ئىككى دۆلەت قويۇق يۇقىرى قاتلامدىكىلەر ئالاقىسى ۋە سۆزلىشىشنى ساقلىشى كېرەك، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، مەن ياپونىيە ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن رەئىس شى جىنپىڭنى كېلەر يىلى ئەتىيازدا ياپونىيەدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولۇشقا تەكلىپ قىلىمەن. ياپونىيە تەرەپ ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىساد - سودا، سېلىنما، پۇل مۇئامىلە، يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كېڭەيتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئىككى تەرەپ كارخانىلىرىنى ئۆزئارا ئادىل، ئوچۇق، ئاشكارا، كەمسىتىش بولمىغان بازار مۇھىتى بىلەن تەمىنلەشنى خالايدۇ. ئىككى دۆلەتنىڭ ئەلئارا دوستانە ئالماشتۇرۇشىغا ئىلھام بېرىپ، بۇ يىللىق ياش - ئۆسمۈرلەر ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش يىلىنى ياخشى ئۆتكۈزۈپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ئارىسىدىكى ھېسسىياتنى كۈچەيتىش كېرەك. ياپونىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، مۇناسىۋەتلىك سەزگۈر مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، شەرقىي دېڭىز قاتارلىق جەھەتلەردىكى زىددىيەت، ئىختىلاپلارنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش - تىزگىنلەشنى خالايدۇ. ھەر خىل يەر شارىۋى مەسىلىلەر ۋە خىرىسلارغا ھەرقايسى دۆلەتلەر قول تۇتۇشۇپ تاقابىل تۇرۇشى كېرەك. ياپونىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ جارى قىلغان مۇھىم رولىغا ئېتىبار بىلەن قارايدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئەركىن، ئادىل سودا تۈزۈلمىسىنى قوغداپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ زور مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ئىككى تەرەپ يەنە چاۋشيەن يېرىم ئارىلى ۋەزىيىتى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا قاراشلىرىنى ئالماشتۇردى. ئەنبېي مۇنداق بىلدۈردى: ياپونىيە تەرەپ رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېقىندا چاۋشيەندە زىيارەتتە بولغانلىقىنى يۈكسەك دەرىجىدە تەرىپلەيدۇ، بۇ قېتىمقى زىيارەتنى يېرىم ئارالنىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئىجابىي رول ئوينىدى، دەپ قارايدۇ.

كۆرۈشۈشتىن كېيىن، ئەنبېي شى جىنپىڭ ئۈچۈن قارشى ئېلىش كەچلىك زىياپىتى ئۆتكۈزدى.

دىڭ شۆشياڭ، ليۇ خې، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتكە قاتناشتى.

# شى جىنپىڭ كورېيە زۇڭتۇڭى ۋېن زەيىن بىلەن كۆرۈشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ۋېن زەيىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەن ۋە رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ئورتاق يېتەكچىلىكىدە، كورېيە - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى كىشىنى خۇشاللاندۇرىدۇ. كورېيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بولغان يۇقىرى قاتلامدىكىلەر ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى سۆزلىشىش، ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىپ، كورېيە - جۇڭگو ئەركىن سودا كېلىشىمىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچلۇق سۆھبىتىنى تېزدىن تاماملاپ، كورېيە - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى يېڭى سەۋىيەگە كۆتۈرۈشنى خالايدۇ. كورېيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇپ، ئۈچىنچى تەرەپ بازىرىنى ھەمكارلىشىپ كېڭەيتىشنى خالايدۇ. كورېيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە كۆپ تەرەپچىللىك، ئەركىن سودا ۋە ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادىنى قوغداشنى خالايدۇ، بۇ، كورېيەنىڭ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك.

ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى يەنە چاۋشيەن يېرىم ئارىلى ۋەزىيىتى توغرىسىدا قاراشلىرىنى ئالماشتۇردى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەن ئالدىنقى ھەپتە تەكلىپكە بىنائەن چاۋشيەندە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولۇپ، كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېن بىلەن جۇڭگو - چاۋشيەن مۇناسىۋىتى، يېرىم ئارال ۋەزىيىتى توغرىسىدا چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇردۇم. مېنىڭ بۇ قېتىمقى چاۋشيەندىكى زىيارىتىم ۋە يېقىنقى مەزگىلدىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يېرىم ئارال ۋەزىيىتىنى پەسەيتىش سۆزلىشىشىنىڭ چوڭ يۆزلىنىشىدە ئۆزگىرىش بولمىدى، سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش يەنىلا ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئالدىن تاللىشى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پەقەت سۆزلىشىش، كېڭىشىش ئارقىلىق، باسقۇچقا بۆلۈش، ماس قەدەمدە مېڭىش پرىنسىپى بويىچە، ھەرقايسى تەرەپلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇۋاپىق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلىرىنى تەدرىجىي ھەل قىلغاندىلا، ئاندىن چىقىش يولى تاپقىلى بولىدۇ. كېيىنكى قەدەمدە، بىز سۆھبەتلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرگە ئورتاق خىزمەت ئىشلىشىمىز كېرەك. جۇڭگو تەرەپ چاۋشيەن بىلەن ئامېرىكىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك رەھبەرلەر ئۇچرىشىشى ئۆتكۈزۈشنى قوللايدۇ، ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا جانلىقلىقنى نامايان قىلىپ، سۆزلىشىشتە ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. يېرىم ئارال يادرو قورالدىن خالىيلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشى كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە، چاۋشيەن تەرەپنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇۋاپىق مەسىلىلىرىمۇ ئېتىبارغا ئېرىشىشى ۋە ئۈنۈملۈك ئىنكاس قايتۇرۇلۇشى كېرەك. ۋېن زەيىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بىرقانچە كۈن ئىلگىرى، رەئىس شى جىنپىڭ چاۋشيەندە زىيارەتتە بولۇپ، يېرىم ئارالنىڭ سۆزلىشىش ۋەزىيىتى ۋە يېرىم ئارالنىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداشقا تۈرتكە بولۇشتا ئىجابىي رول ئويناپ، مۇھىم تۆھپە قوشتى. كورېيە تەرەپ بۇنى يۈكسەك دەرىجىدە تەرىپلەيدۇ. كورېيە تەرەپ جەنۇب - شىمال مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشقا داۋاملىق كۈچ چىقىرىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، يادرو قورالدىن خالىيلاشتۇرۇش نىشانى ۋە مەڭگۈلۈك تىنچلىق، مۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ.

دىڭ شۆشياڭ، ليۇ خې، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

# شى جىنپىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو — ئافرىقا ئىقتىساد - سودا كۆرگەزمىسىگە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇلتۇر 9 - ئايدا، مەن جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنىدا جۇڭگو — ئافرىقا ئىقتىساد - سودا كۆرگەزمىسىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقىنى ئېلان قىلغانىدىم، بۇنىڭدىكى مەقسەت ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن سۇپا ھازىرلاش ئىدى. تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو — ئافرىقا ئىقتىساد - سودا كۆرگەزمىسىدە جۇڭگو بىلەن ئافرىقىنىڭ ھۆكۈمەت، يەرلىك، ئاقىللار ئامبىرى، كارخانا، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەردىكى كۈچلىرى جەم بولۇپ، ھەمكارلىق ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئورتاق كېڭەشتى. ئىككى تەرەپنىڭ جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنىدىكى «سەككىز چوڭ ھەرىكەت»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەمكارلىق يېڭى يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، ھەمكارلىق ئېشىش نۇقتىسىنى ئېچىپ، جۇڭگو - ئافرىقا ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقىنىڭ يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.